# ئۈرۈمچى شەھىرى تەدبىر چىقىرىپ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىشىغا قولايلىق ياراتتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ھەرقايسى ئۇلتۇراق رايونلاردا يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سەھىيە داۋالاش ئاپپاراتلىرى خەلققە قولايلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى چىقىرىپ، جىددىي كېسەل ياكى ئاساس خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چاڭ جيەنمېينىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مەھەللىلەر يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، ھەرقايسى داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئاغرىقلارنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۆرگە ئايرىپ قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، ئاغرىقلارنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

جىددىي ئاغرىقلارغا قارىتا، ئەگەر جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسىلى قاتارلىقلار قوزغالسا ياكى تاسادىپىي ھادىسە يۈزبەرسە، 120 جىددىي قۇتقۇزۇش تېلېفونىغا تېلېفون قىلسا بولىدۇ، 120 جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ئاغرىقنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارى بار دوختۇرخانىغا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ۋاقتىدا ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇزاق مۇددەت سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارغا قارىتا، يۇقۇم مەزگىلىدىكى ئالاقىدار داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتىگە ئاساسەن، ئۇزاق مۇددەتلىك رېتسېپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ دورا سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئەگەر زۆرۈر بولغان سىناش ـ تەكشۈرۈش ۋە دائىملىق قايتا تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن ئالاقىلەشكەندىن كېيىن، مەھەللە ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ بىرتۇتاش دوختۇرخانىغا داۋالىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئېغىر ئاغرىقلار، مەسىلەن، بۆرەك ئىقتىدارى زەئىپلەشكەن ئاغرىقلار، ئۆسمە كېسىلى ئاغرىقلىرى ھەمدە قەرەللىك داۋالىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك باشقا ئاغرىقلارغا قارىتا، ئالدى بىلەن مەھەللىدىكى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلارغا تېلېفون قىلىش كېرەك، مەھەللە ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ بىرتۇتاش دوختۇرخانىغا داۋالىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، باللار، ياشانغانلار قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپى كېسەل كۆرسىتىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولسا، ئاۋۋال ئالدىن كېلىشىپ ئاندىن كېسەل كۆرسىتىش پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار دوختۇرخانىنىڭ ئۇچۇر سۇپىسى ئارقىلىق ۋاقىت بۆلىكىگە بۆلۈپ ئالدىن كېلىشىپ كېسەل كۆرسەتسە بولىدۇ. ھامىلدارلىقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى تۇغۇتتىن بۇرۇنقى تەكشۈرتۈشكە ئېھتىياجلىق ھامىلدارلارنىڭ تۇغۇتتىن بۇرۇنقى تەكشۈرتۈش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ، يۇقۇم كۆپ يۈزبېرىۋاتقان مەزگىلدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، باشقا مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئالدىن كېلىشىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

چاڭ جيەنمېي مۇنداق ئەسكەرتتى: ئاغرىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى كېسەل كۆرسىتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ماسكا تاقىشى، بىر مېتىردىن كۆپرەك جەمئىيەت ئالاقىسى بىخەتەرلىك ئارىلىقى ساقلىشى، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىشى كېرەك.



7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى بەخت يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىڭفۇجى مەھەللىسى مېتېئورولوگىيە ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالىلەر نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنتتىن ئانچە يىراق بولمىغان جاي دەل قىزىلتاش بازىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك باقمىچىلىق باغچىسى بولۇپ، 2000 سۈت كالىسى باقىلى بولىدۇ. دولاتى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ماھۇرجان ناقشباي مۇنداق تونۇشتۇردى: باقمىچىلىق باغچىسى بولغاچقا، كەنتتىكى كالا بېقىش شارائىتىنى ھازىرلىمىغان بىر قىسىم ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلگەن نامرات ئائىلىلەر نامراتلارنى يۆلەش سۈت كالىسىنى ھاۋالىلىك باقتۇرۇپ، مۇقىم كىرىم قىلالايدىغان بولدى.

## كۆڭۈل قويغان ئادەمگە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق

دولاتى كەنتىدە 254 ئائىلە، 860 ئاھالە بار، 2017 ـ يىلى بۇ كەنت نامرات كەنتلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى. «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇش ئىزچىل خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. كالا بېقىش، كۆكتات تېرىش، موگۇ ئۆستۈرۈش، دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىش... كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىدا پەقەت كۆڭۈل قويسا، تىرىشسا، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دولاتى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى سۈن جىنچاۋ.

2019 ـ يىلى، قىزىلتاش بازىرى باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ، دولاتى كەنتىدە موگۇ پارنىكىدىن ئالتىنى سالدى. باشلامچى كارخانىلار زەمبۇرۇغ تاياقچىسى، تېخنىكا، ھوسۇلنى يىغىۋېلىش بىر گەۋدىلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى ھەم تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ پايدا تەقسىملەش ۋە قوبۇل قىلىپ ئېشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. بۇ يىل، پۈتۈن كەنت بويىچە 17 ئائىلىلىك دېھقان ھويلىسىدا موگۇ ئۆستۈردى. نامرات ئاھالە ئايبولات جۇسۇپ ھازىرقى ئىشىدىن ناھايىتى رازى، «بىر پارنىكنى ئىككى ئادەم باشقۇرىمىز، ھەر ئايدا مۇقىم مائاش ئالالايمىز، بوش ۋاقىتلىرىمىزدا يەنە ئۆيگە قايتىپ قوي ـ كالىلىرىمىزغا يەم ـ خەشەك بېرەلەيمىز» دېدى.

كەنت ئاھالىسى گۇ جيېلياڭنىڭ كۆكتاتلىقىدا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كۆڭۈل قويۇپ تېرىغان تۈرلۈك كۆكتاتلار ناھايىتى ياخشى ئۆستى. كۆكتاتلىقنىڭ يېنىدا ئۇ يەنە توخۇ ۋە ئۆردەك باقتى. گۇ جيېلياڭ 2017 ـ يىلى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھويلىسىدا گۈلساماقنى سىناق قىلىپ ئۆستۈرۈپ، شۇ يىلىلا 2000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتى. بۇنىڭغا كۆكتات، توخۇ، ئۆردەك ۋە تۇخۇم سېتىپ قىلغان كىرىمنى قوشقاندا، ھويلا ـ ئاران كىرىمى 4000 يۈەندىن ئاشتى. سۈن جىنچاۋ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇ بىرنەچچە يىلدا، دولاتى كەنتى ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، كۆكتات مايىسىسى، كۆچەت ۋە چۈجە يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت «ئۈچنى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات تېرىپ، توخۇ بېقىپ، مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە يۆلەك بولدى.

## كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىدا تېز يۈگۈرۈش

دولاتى كەنتىدە خۇڭشۈبېكنىڭ دېھقانلار ئارامگاھىنى سورىسىڭىز، كەنت ئاھالىلىرىدىن بىلمەيدىغىنى يوق.

دولاتى كەنتىدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، ئالاشەن مەنزىرە رايونى، خۇڭشەنزۈي پورتىغا بارغىلى، شىمالغا قاراپ ماڭغاندا ئالتاي شەھەر رايونىغا بىۋاسىتە بارغىلى بولىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئورۇن ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلگەن نامرات ئائىلە خۇڭشۈبېك چارىپ ئائىلىسى دېھقانلار ئارامگاھى ئاچتى.

«ئىلگىرى شارائىت ناچار ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئۆيىمىزگە مېھمانغا كېلىشنى خالىمايتتۇق؛ ھازىر شارائىتىمىز ياخشىلاندى، يەنە دېھقانلار ئارامگاھى ئاچتۇق، مېھمانلارنىڭ كېلىشىنى قارشى ئالىمىز!» دېدى خۇڭشۈبېك. بۇلتۇر خۇڭشۈبېكنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر موگۇ ئۆستۈرۈپ، يەر تېرىپ، دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ ۋە كومبايىن ھەيدەپ، ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى. ئۇنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇشى بىلەن، بۇ يىل كەنتتىكى دېھقانلار ئارامگاھى تەرەققىي قىلىپ يەتتىگە يەتتى.

«ھازىر دولاتى كەنتىدە بىكار ئادەم يوق، تېرىقچىلىق قىلالايدىغانلىرى تېرىقچىلىق قىلىدۇ، باقمىچىلىق قىلالايدىغانلىرى باقمىچىلىق قىلىدۇ، تىجارەت قىلالايدىغانلىرى تىجارەت قىلىدۇ، ئىشلەمچىلىك قىلالايدىغانلىرى ئىشلەمچىلىك قىلىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش يولىدا تېز يۈگۈرمەكتە» دېدى خۇڭشۈبېك.

بۇلتۇر دولاتى كەنتىدىكىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 11 مىڭ 40 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلگەن ئائىلىدىكىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 8620 يۈەن بولدى.




# لى لېي: تىنچلىق ساقلاش جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمان جەڭچى



لى لېينىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر مېي شىشيۇڭ)** ھەر قېتىم چىڭمىڭدا، نۇرغۇن كىشى سىچۈەن ئۆلكىسى پۇجياڭ ناھىيەسىنىڭ فۇشىڭ يېزىسى پېڭخې مەھەللىسىگە كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئانىسى ياڭ بىننى يوقلايدۇ.

ياڭ بىننىڭ ئوغلى لى لېي ئەسلىدىكى 20 ـ جىتۇەنجۈننىڭ مەلۇم ماشىنىلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر لۈيى رېمونت 1 ـ لىيەنىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، 2016 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جەنۇبىي سۇداندىكى تىنچلىق ساقلاش جەڭ مەيدانىدا 22 ياشلىق ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

12 ياشقا كىرگەن يىلى، دادىسى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن، لى لېي ئانىسى بىلەن بىر ـ بىرىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا ئارمىيەگە قاتنىشىپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئارزۇسى بار ئىدى، 2011 ـ يىلى ئارزۇسىغا يېتىپ ياڭ گېنسى ھايات ۋاقتىدا تۇرغان قىسىمنىڭ بىر جەڭچىسى بولغان.

ھەربىيلەر ئەزەلدىن غەلىبىنى كۆزلەيدۇ، شۇڭا مەشىقتە بىرىنچىلىكنى تالىشىش كېرەك. ئارمىيەگە كىرگەندىن كېيىن، لى لېي جاپالىق مەشىق قىلىپ، ناھايىتى تېزلا ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن مۇنەۋۋەر ئەسكەرگە ئايلانغان. 2012 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئۇ ئەسلىدىكى جىنەن تانكا رېمونتچىلىرىنى مەشىقلەندۈرۈش چوڭ ئەترىتىگە ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋەتىلگەن. ئوقۇش تاماملاش ئىمتىھانى مەزگىلىدە، ئۇ ئوقۇتقۇچىسى تەرىپىدىن ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىققا تاللانغاچقا، ئىمتىھان بەرمىسىمۇ بولىدىغان بولۇپ، شۇ قاراردا ئۆگەنگۈچى ئەسكەرلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىمتىھان بەرمەيدىغان ئۆگەنگۈچى ئەسكەر بولۇپ قالغان. 2014 ـ يىلى، «ھالقىش ـ 2014 . جۇرىخې C» تىركىشىش مانېۋىرىدا، ئۇ بىر ئەترەتنىڭ 92 تېپلىق پىيادە ئەسكەرلەر چاقلىق جەڭ ئاپتوموبىلى تەگلىكىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئەترەتنىڭ 1500 كىلومېتىر يىراق مۇساپىلىك يۆتكىلىشكە مۇۋەپپەقىيەتلىك كاپالەتلىك قىلغان، چوڭ ـ كىچىك 160تىن ئارتۇق كاشىلىنى تۈگەتكەن. 2015 ـ يىلى، ئۇ لۈينىڭ «ياڭ گېنسى لوڭقىسى» ئىش ئورنىدا ھەربىي مەشىق ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، چېمپىيون بولغان.

2015 ـ يىلى، تۇرۇشلۇق قىسىمدا تىنچلىق ساقلاش پىيادە ئەسكەرلەر يېڭى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي سۇدانغا بېرىپ خەلقئارا تىنچلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ تۇنجى بولۇپ جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى سۇنغان ھەم تاللاش ئىمتىھانىدا ئۆزۈپ چىققان.

ۋەزىپە رايونىغا بارغاندىن كېيىن، لى لېي ئۇزاق مۇددەت قاراۋۇللۇق ئورنىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ھېچقاچان تاشلاپ قويمىغان. بوش ۋاقتى بولسىلا، ئۇ گازارما رايونىدىكى ئاپتوموبىل مەيدانىغا بېرىپ، پېشقەدەم بەنجاڭدىن ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە ئۆزى ئۇچراتقان كاشىلىلارنى، رېمونت قىلغان ئاپتوموبىللارنى خاتىرىسىگە تەپسىلىي خاتىرىلەپ ماڭغان، رېمونت قىلىش تېخنىكىسمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، ناھايىتى تېزلا يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ماھىرىغا ئايلانغان.

ئېفىيوپىيە تىنچلىق ساقلاش گازارمىسىنىڭ بىر پىيادە ئەسكەرلەر جەڭ ئاپتوموبىلى زەخمىگە ئۇچراپ، ئىككى ھەپتىگىچە رېمونت قىلىنسىمۇ ئوڭشالمىغان. ئۇلار جۇڭگو تىنچلىق ساقلاش پىيادە ئەسكەرلەر گازارمىسىغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. گازارما لى لېينى ياردەمگە ئەۋەتكەن. لى لېي يېرىم كۈندىلا كاشىلىنى تۈگەتكەن.

خەتەر تۇيۇقسىز كەلگەن.

جەنۇبىي سۇدان ۋاقتى 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، جەنۇبىي سۇدان ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ھۆكۈمەتكە قارشى ئارمىيە بىلەن كەسكىن ئېتىشقان، جۇڭگونىڭ تىنچلىق ساقلاش پىيادە ئەسكەرلەر گازارمىسى دەرھال بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقىغا ئۆتكەن.

شۇ كۈنى لى لېينىڭ 22 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، لى لېي تۇرۇشلۇق پىيادە ئەسكەرلەر 1 ـ لىيەنى 1 ـ نومۇرلۇق مۇساپىرلار لاگېرىنى قوغداش، كونترول قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئىزچىل مۇساپىرلار لاگېرىنى چىڭ ساقلىغان، بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن مۇساپىر قورشاۋ تامىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە، لاگېر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغان، ئۇ ھەر قېتىم باشلامچىلىق بىلەن ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ توسقان.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ۋېيشىن دوستلار چەمبىرىكىدە ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەسراتى «بۇ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى بەك چوڭ بولدى، بارلىق سەپداشلىرىمنىڭ تىنچ ـ ئامان بولۇشىنى تىلەيمەن»نى يېزىپ قالدۇرغان.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سائەت 18دىن 39 مىنۇت ئۆتكەندە، لى لېي ئولتۇرغان 105 ـ نومۇرلۇق پىيادە ئەسكەرلەر جەڭ ئاپتوموبىلى تۇيۇقسىز راكېتا بومبىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئۇنىڭ يارىسى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، باش قىسمى، كۆكرەك قىسمىنىڭ كۆپ يېرىگە بومبا پارچىلىرى تېگىپ، ئاخىردا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

لى لېي 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئېلىندى ھەم ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى. سەپداشلىرى مۇنداق دېدى: لى لېي ھاياتى بىلەن «تۆتكە ئىگە» يېڭى بىر ئەۋلاد ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ پارتىيە ۋە ۋەتەنگە بولغان سادىق ئېتىقادىنى نامايان قىلدى، «كۆك دۇبۇلغىلىق ئەزىمەتلەر»نىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان ھەققانىيەت يولىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يۇتتى، يېڭى دەۋردىكى «قەھرىمانلار كۈيى»نى ياڭراتتى.

# لى جيەنجۈڭ: ئوق تەگكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا زەھەر ئەتكەسچىسىگە قاراپ ئېتىلدى



لى جيەنجۈڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى مەشىق قىلىۋاتقان سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى كۇنمىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ۋاڭ يەن)** ئۇنىڭ ئىسمى لى جيەنجۈڭ، ئۇ ئىسمىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش، كەسپىگە ھۆرمەت قىلدى، سادىق بولدى. يۈننەن چېگرا رايونى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ ساقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ بارلىقىنى زەھەر چەكلەش ئىشىغا بېغىشلىدى، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

لى جيەنجۈڭ 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، لاخۇ مىللىتىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 2007 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا يۈننەن ئۆلكىسى شىشۇاڭبەننا ئوبلاستى جىڭخۇڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. كەسپكە ھۆرمەت قىلىش، سادىق بولۇش لى جيەنجۈڭنىڭ ئەڭ ھەققىي كارتىنىسى: ساقچى بولغان توققۇز يىلدىن بۇيان، ئۇ جەمئىي 382 زەھەر دېلوسىنى پاش قىلىشقا قاتنىشىپ، 354 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇپ، 3820 كىلوگىرام زەھەرنى يىغىۋېلىپ، 90 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زەھەر مەبلىغى، 29 قورال، 1500 پايدىن ئارتۇق ئوقنى قولغا چۈشۈرگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن ئۈچ قېتىم شەخسىي 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

كۆپچىلىك ئۇنى «كەم سۆز، كالىلىسىدا پۈتۈنلەي دېلونىلا ئويلايتتى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ جاپاغا چىدايتتى، جىنايەت گۇماندارنى تۇتۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۆزى يالغۇز رازۋېدكا قىلىپ، ھەربىر ئۇچۇرنى زېرىكمەي رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ، ھەر قېتىم ۋەزىپىنى ناھايىتى قالتىس ئورۇندىغان. ئۇ چىداملىق، غەيرەتلىك بولۇپ، دېلونى پاش قىلمىغۇچە بولدى قىلمىغان، ئۇ ئىلگىرى بىر كۈن ئىچىدە 10 مىڭ گىراملىق زەھەر دېلوسىدىن ئۈچنى ئارقا ـ ئارقىدىن پاش قىلىپ، ئىدارىدىكى «قالتىس شەخس»كە ئايلانغان.

2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەھەردە، نۇرغۇن ئادەم شېرىن ئۇيقۇدىكى ۋاقىتتا، جىڭخۇڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ ساقچىلىرى يەنىلا جىددىي خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىز قوغلاۋاتقانغا خېلى كۈنلەر بولغان بىرنەچچە زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ پات ئارىدا چېگرادىن كىرىپ زەھەر سودىسى قىلماقچى بولغانلىقى، ئورنىنىڭ جىڭخۇڭ شەھىرى جىڭخا يېزىسىنىڭ جۇڭگو ـ بىرما چېگراسىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەمدىلا خەۋەرگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ يەر قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، چىغىر يول كۆپ ئىدى، قولغا ئېلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار سودىلىشىش ئورنىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىپ، تۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان ھەم ئىش تەقسىم قىلغان. زەھەر ئەتكەسچىلىرى قىلچە سەزمىگەن ئەھۋالدا پىستىرما ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇنۇن ـ تىنسىز تاماملانغان.

چۈش بولغاندا، دالا ئاپتوموبىلىدىكى ئىككى زەھەر ئەتكەسچىسى زەھەر سودىسى قىلىشقا باشلىغان. ئالدىنقى قاراۋۇلدىن دەرھال سىگنال كەلگەن، ھەرقايسى گۇرۇپپىلار بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتكەن، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئاپتوموبىلى ساقچىلار ھەيدىگەن ئىككى ئاپتوموبىل تەرىپىدىن ئالدى ـ كەينىدىن توسۇۋېلىنغان، بىر زەھەر ئەتكەسچىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈپ يانىدىكى قويۇق ئورمانلىققا قاراپ قاچقان، لى جيەنجۈڭ ئاپتوموبىلدىن چۈشكەندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئاپتوموبىلىغا قاراپ ئېتىلغان. دەل مۇشۇ چاغدا، ئاپتوموبىلنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا موكۇۋالغان زەھەر ئەتكەسچىسى «پاڭ!» قىلىپ ئۇنىڭغا ئوق چىقارغان. ئوق لى جيەنجۈڭنىڭ بويىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن، لېكىن ئۇ يەنىلا ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا ئىشىكىگە شىددەت بىلەن ئېتىلغان. غالجىرلاشقان زەھەر ئەتكەسچىسى ئىككىنچى پاي ئوقنى ئاتقان... لى جيەنجۈڭ يەرگە يىقىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ كۆرۈش دائىرىسى ۋە ئوقنى توسۇپ قالغان ئاشۇ دەقىقىدە، سەپداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئوق چىقارغان زەھەر ئەتكەسچىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئاپتوموبىل لى جيەنجۈڭنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا قاراپ ئۇچقاندەك ماڭغان. سائەت 13تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، لى جيەنجۈڭ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قۇربان بولغان. سەپداشلىرى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇدا 30 نەچچە سائەت جەڭ قىلىپ، ئاخىر دېلوغا چېتىشلىق بارلىق ئادەمنى تۇتقان. بۇ دېلودا جەمئىي 21 كىلوگىرام زەھەر، ئىككى تاپانچا قولغا چۈشۈرۈلگەن.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جىڭخۇڭ شەھىرى پوشۈي مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن لى جيەنجۈڭنىڭ جەسىتى بىلەن خوشلىشىش مۇراسىمىدا، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئامما ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. 2017 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، لى جيەنجۈڭ يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ بېكىتىلدى، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

قەھرىمان ۋاپات بولدى، لېكىن لى جيەنجۈڭ ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بەدىلىگە ياراتقان روھى ئىزچىل تۈردە جىڭخۇڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىدىكى ھەربىر خەلق ساقچىسىنى رىغبەتلەندۈرمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)